# 23-كۈي

داۋۇت يازغان كۈي

1 مېنى باققۇچى پادىچىمدۇر پەرۋەردىگار خۇدا،
شۇڭا قالماسمەن ھېچ موھتاجلىقتا.
2 ياتقۇزار ئۇ مېنى ياپ-يېشىل يايلاقلارغا،
باشلار ھەم شىلدىرلىغان سۇلار بويىغا.
3 ئۇ ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت بېرىپ، ئۇرغۇتار ۋۇجۇدۇمنى،
ئۆز نامىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يېتەكلەر ھەققانىيەت يولىدا مېنى.
4 ئۆتسەممۇ ئۆلۈم كۆلەڭگىسى چۈشۈپ تۇرغان جىلغىدىن،
ئۆزۈڭ بولغاچ مەن بىلەن قورقماسمەن ھېچ يامانلىقتىن.
ھىمايە قىلار پادىچى تايىقىڭ ۋە ھاساڭ مېنى،
ساقلار ئۇلار تىنچ-خاتىرجەملىكتە كۆڭلۈمنى.

5 مەن ئۈچۈن داستىخان راسلارسەن دۈشمەنلىرىمنىڭ كۆز ئالدىدا،
ئەزىزلەپ مېنى ياغ سۈركەرسەن بېشىمغا،*
ھايات قەدىھىم تولۇپ تاشار ھىممىتىڭ بولغاچقا.**
6 بەرھەق، شاپائەت ۋە ئۆزگەرمەس مۇھەببەت،
قوغلىشىپ مېنى ھەمراھ بولار ماڭا ئۆمۈرۋايەت،
پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىدا ياشايمەن ئەبەدئەبەد.

---

* بېشىغا ياغ سۈركەش — ئەينى ۋاقىتتا ساھىبخان ئەزىز مېھماننى كۈتۈۋالغاندا ئۇنىڭ بېشىغا خۇش پۇراقلىق ياغ سۈركەش بىلەن چوڭقۇر ھۆرمىتىنى بىلدۈرەتتى.

** بۇ خىل ئوخشىتىش ئارقىلىق داۋۇت پەيغەمبەر ئۆز ھاياتىدا خۇدانىڭ ھىممىتى بىلەن ئېرىشكەن مول بەختىنى ئىپادىلىمەكچى بولغان.